# چېگرا رايون مۇھەببەتكە تولدى، قىلغان كۈرەشتىن پۇشايمان قالمىدى

## ـــــ 2019 ـ يىللىق «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگەن ئەڭ گۈزەل شەخس» توغرىسىدا (1)

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

شۇنداق بىر توپ كىشىلەر بار، ئۇلار يىراقتىكى ئاشۇ ساپ ـ سەممىي كۈلكىگە تولغان چىرايلار ئۈچۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بولغان سېغىنىشنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمدى؛ شۇنداق بىر توپ كىشىلەر بار، ئۇلار بەختكە تولغان «باھار شاملى»نى چېگرا رايونغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، تاغلارنى ھالقىپ، دەريالارنى كېچىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردى...

پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، يېڭى قىياپەت بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىۋاتقان پەيتتە، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى 2019 ـ يىللىق «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگەن ئەڭ گۈزەل شەخس» نامزاتلىرىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئېلان قىلدى.

ئاپئاق قارلىق تاغلار چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلغان ئالدىراش سىيمالارغا گۇۋاھ بولدى.

چەكسىز ئورمانلىق ئىنتىپاق ـ ئىناق ئۆتۈپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش توغرىسىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى بايان قىلدى.

### ■ بىر ئىشنى تاللاپ بىر جاي ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلاش

«مەن شاڭخەيدە قالمايمەن، مەن چوقۇم لىيۇجوۋغا بارىمەن.» 1958 ـ يىلى، ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن ياڭ گۇەنمياۋ ھاياتىدىكى تاللاشنى چىقاردى. بۇ قەتئىيلىك بىر ئۇلۇغۋار غايىدىن كەلگەن: ئۇ بولسىمۇ گۇاڭشىدا بىر چوڭ تىپتىكى زامانىۋىلاشقان زاۋۇت قۇرۇش.

بامبۇك بىلەن ياسىغان زاۋۇت ئۆيىدىن بۇ گۈنكى كۈندە خەلقئارا بازاردا قەد كۆتۈرگەن، قۇرۇلۇش ـ ماشىنىسازلىقىنىڭ پۈتۈن مەھسۇلات لىنىيەسىگە چېتىلىدىغان زامانىۋىلاشقان كارخانىغا ئېگە بولغانغا قەدەر، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشنىڭ ئارقىسىغا ياڭ گۇەنمياۋ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ 60 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغانلىقى يوشۇرۇنغان.

ياڭ گۇەنمياۋ گۇاڭشىغا بېرىشنى تاللىغان شۇ يىلى، ئەمدىلا بېيجىڭ داشۆسىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن لو لياۋفۇ يۇك ـ تاقلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، ئېچكى موڭغۇلغا بېرىش سەپىرىگە ئاتلانغانىدى. ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئىچكى موڭغۇل داشۆسى قۇرۇلۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى، ئوقۇتۇش، تەتقىقات شارائىتى ئاددىي، ماتېرىيال، ئۈسكۈنىلىرى كەمچىل ئىدى. ھۆججەت ـ ماتېرىياللار بولمىسا، ئۇ بېيجىڭغا بېرىپ ئىزدىدى؛ كىتاب بولمىسا، ئۇ باشقا جايغا بېرىپ سېتىۋالدى؛ ئىلمىي تەتقىقات مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقۇدەك ئوبيېكت بولمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ داشۆدىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن خەت يېزىشىپ پىكىرلەشتى. مۇشۇنداق قىلىپ لو لياۋفۇ ئىچكى موڭغۇل داشۆسىنىڭ فىزىكا پەنلىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

بۇ يىل 86 ياشقا كىرگەن ليۇ مىڭتىڭنىڭ بىر ئۆمۈر قاراۋۇللۇق قىلىشنى تاللىغان جايى تەكلىماكان قۇملۇقى بولدى. قۇملۇقنىڭ «مەجەزى»نى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن، ئۇ تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ يەتتە قېتىم چۆرگىلەپ، تەخمىنەن 400 مىڭ كىلومېتىر يول يۈردى. قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ليۇ مىڭتىڭ ھەم بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان، ھەم ئىقتىسادىي پايدا ـ ئۈنۈم يارىتىدىغان يۇلغۇن تۇشقانزەدىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭنىڭ چىرا ناھىيەسى، كېرىيە ناھىيەسى «شەھەر ئەتراپىغا قۇم يېغىلىپ قېلىش» قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدى، ئىلگىرىكى ئېغىر نامرات دېھقانلار يۇلغۇن تۇشقانزەدىكىگە تايىنىپ يېڭى ئۆيلەرنى سالدى، ئاپتوموبىل سېتىۋالدى.

### ■ يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، باشقىلارغا بىلىق تۇتۇشنى ئۆگىتىش

2016 ـ يىلى، 45 ياشلىق ليۇ يۈنجۈن بېيجىڭدىن چىڭخەيدىكى يۈشۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا كېلىپ دوختۇرخانا باشلىقى بولدى. ئىشخانىسىغا ئەمدىلا كىرىشىگە بىر دۆۋە ئىستىپا سوراش دوكلاتى ئۇنىڭ ئۈچۈن «دەسلەپكى سىناق» بولدى. ئەينى چاغدا يۈشۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىدىن بىر ئايدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 2000 ئادەم قېتىم ئاغرىق يۆتكىلىپ كېتەتتى.

جەزمەن ئىسلاھات قىلىش كېرەك! ئۈچ يىلدىن بۇيان، يۈشۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىدا 100دىن ئارتۇق تېببىي خادىم كۆپەيدى، دوختۇرخانا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئېغىر كېسەللىرىنى كۆزىتىش ـ داۋالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 14 يېڭى بۆلۈمنى تەسىس قىلدى، 168 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىنى قانات يايدۇرۇپ، يۈشۇنىڭ كۆپ تۈرلۈك داۋالاش تېخنىكىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى... ليۇ يۈنجۈن ئۈچ يىلدا 20 جىڭ ئورۇقلىدى.

2016 ـ يىلى يازدا، شاڭخەي سىفەن داشۆسى قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى فۇ شىن 40 نەپەر مەخسۇس ۋەزىپىلىك ئوقۇتقۇچىنى باشلاپ، شىزاڭنىڭ رىكازې شەھىرىدىكى شاڭخەي تەجرىبە مەكتىپىگە كېلىپ، شىزاڭدا ئوقۇتقۇچى كۈچى ئاجىز بولۇش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە «قېلىپلاشقان مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات جەريانى»نى لايىھەلەپ، «ياش ئوقۇتقۇچى ـــ پىشىپ يېتىلگەن ئوقۇتقۇچى ـــ غوللۇق ئوقۇتقۇچى ـــ پەن باشلامچىسى ـــ داڭلىق ئوقۇتقۇچى»دىن ئىبارەت پەللەمپەيسىمان تەربىيەلەش مېخانىزمى بەرپا قىلدى.

2016 ـ يىلى، جۇڭگو نېفىتلىك شىركىتىنىڭ شىزاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان كادىرى لياڭ نەنيۈ شىزاڭغا بارغاندىن كېيىن، شىزاڭ ناچۇ شەھىرى شۇاڭخۇ ناھىيەسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن ھاكىمى بولدى. زىمىستان قىش 10 ـ ئايدا، ئارتېمىيە قوڭغۇزى تۇخۇمى كەسپىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، لياڭ نەنيۈ ئازراق مۇز تۇتقان شياڭسو كۆلى بويىغا چېدىر تىكىپ، بىر تۈرۈشدا ئون نەچچە كۈن تۇردى.

ئارتېمىيە قوڭغۇزى تۇخۇمى راك، قىسقۇچپاقا باقمىچىلىقىدىكى يەم، شۇاڭخۇنىڭ «ھەمىيىنى». يەمنىڭ يەككە باھاسى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، لياڭ نەنيۈ دۆلەت ئىچىدىكى 30دىن ئارتۇق يەم پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش كارخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، پىششىقلاش تېخنىكىسى، خېرىدارلار زەنجىرى قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئىگىلىدى.

شىنجاڭ داشۆ ئېلېكترىك قۇرۇلۇش پېنىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭ داشۆ ئېلېكترىك قۇرۇلۇش شۆبىسىنىڭ مۇدىرى جوۋ يۈەنشياڭ بېيجىڭ بىلەن شىنجاڭ ئارىسىدا توختىماي چېپىپ يۈرۈپ، چىڭخۇا داشۆسىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 18 داڭلىق ئېلېكترىك مۇتەخەسسىسىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكىنى ماسلاشتۇرۇپ قۇرۇپ، شۆبىنىڭ پەن قۇرۇلۇشىغا مەسلىھەت بەردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ شۆبىنىڭ تەرەققىياتىدىكى «بوغما ھالەت»نى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقاتتا تەڭ قوللىنىلىدىغان تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشى ئەندىزىسىنى تۈزدى، نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باھالاش بىلەن پەن تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇش دەرىجىسىنى باغلايدىغان پەنلەر تەرەققىيات تەپەككۇرىنى بەرپا قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغىدى.

«دۇنيا ئۆگزىسىنىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئالى ۋىلايىتىدە، لۇ چىڭتاڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئاتلاندى. ئالى ۋىلايىتىنىڭ نوپۇس كۆيۈنۈشچانلىقى كىچىك، دېلو سانى ئاز، كادىر ـ ساقچىلارنىڭ دېلو بېجىرىش تەجرىبىسى يېتەرسىز بولغاچقا، لۇ چىڭتاڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ جەمئىي 1 مىليون خەتلىك بىر يۈرۈش كەسپىي كىتاب تۈزۈپ چىقتى، مەزمۇنى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، كادىر ـ ساقچىلارنىڭ «يېنىدىن ئايرىمايدىغان ئەڭگۈشتەرى»گە ئايلاندى.

### ■ چوڭ ئائىلە ئۈچۈن كىچىك ئائىلىدىن ۋاز كېچىش

2011 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، لياۋنىڭدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر لى شىيىڭ ئۇدا ئالتە قېتىم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلدى.

لى شىيىڭ ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلگەن شىنجاڭ تيەنيې (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى دۆلەت ئىچىدىكى خلور ـ ئىشقار خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى باشلامچى كارخانا. 2012 ـ يىلى كالتسىي كاربىد قالدۇق گازىدىن پايدىلىنىپ ئېتىلېن گلىكول ئىشلەپچىقىرىش تۈرى تېخنىكىسىنى كەسپىلەشتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، لى شىيىڭ ۋە تېخنىك خادىملار ھەرقايسى شەھەرلەردە ئالدىراش بولدى. بۇ مەزگىلدە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلى ئاغرىپ قېلىپ ئۆيىگە قايتىپ دەم ئېلىشقا كەلدى، خىزمەتداشلىرى لى شىيىڭنى قايتىپ بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى. لى شىيىڭ «تاش يۈرەك»لىك بىلەن رەت قىلىپ: «ئېتىلېن گلىكول تۈرى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا تۇرسا، نەدىمۇ ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقىت بولسۇن؟» دېدى.

شىنجاڭدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 12 ـ شى سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مەيدان باشلىقى ياردەمچىلىكىگە ۋەزىپە بىلەن تەيىنلەنگەن سۇن يى ھەر كۈنى سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئۈچۈن قانچە قېتىملاپ تېلېفون بەرگىنىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، بىر يىلدا 20دىن ئارتۇق كارخانا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە كۆزدىن كەچۈردى، ئۈچ ئەشيا ئوبوروتى تۈرى، بىر سانائەت ئەمەلىي گەۋدە تۈردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توختام ئىمزالىنىپ، جەمئىي 3 مىليارد يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىندى.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر، تۈمەن چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرۇپ ئۇلارغا ھەمراھ بولالمىغانلىقى جېجياڭ لىشۈي شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لو يۈنچيەننىڭ ئۆمۈرلۈك پۇشايمىنى، ئۇ پەقەت شىنجاڭ توقسۇ ناھىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىقلا ئاتا ـ ئانىسىغا تەسەللىي بەردى.

توقسۇ ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بايلىقى مول، ئەمما دېھقانلارنىڭ كىرىمى يۇقىرى بولماسلىق ئەھۋالىغا قارىتا لو يۈنچيەن قوماندانلىق ئىشتابىدىكىلەرنى يېتەكلەپ، «100 كەنت، 1000 زاۋۇت» قۇرۇلۇشى بىلەن «دېھقانلار ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش باغچىسى» تۈرىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، كۆپلىگەن يېزا ـ بازارلاردا ھەمراھ زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ «ئىشىك ئالدىدىلا» ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى.

«سىزنىڭ قىلىۋاتقىنىڭىز دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى، ئائىلىنىڭ كىچىك ئىشىغا باش قاتۇرماڭ.» لو يۈنچيەن ئاتىسىنىڭ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىكى جېكىلىشىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئاتىسىغا بولغان سېغىنىشىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# نامسىز ئېگىزلىكتىكى قەھرىمان ـــ نى شياڭمىڭ

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجوۋ، 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ شو) «ئىنقىلابىي قۇربان نى شياڭمىڭنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى چىشيەن ناھىيەسىدىكى خەلقنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، شۈيدۇڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنىڭ مەركىزىي چوڭ يولىنىڭ غەرب تەرىپىگە ئىنقىلابىي قۇربان نى شياڭمىڭنى خاتىرىلەش تاش شىپائى سېلىنغان بولۇپ، ئۇ مەڭگۈ كىشىلەر تەرىپىدىن ياد ئېتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈلىدۇ.» خېنەن چىشيەن ناھىيەسى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چاڭ فېڭ مۇنداق دېدى: ھەر يىلى ياش ـ ئۆسمۈرلەر بۇ يەرگە كېلىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئالىدۇ، ئىنقىلابىي قۇربان نى شياڭمىڭنىڭ باتۇرانە ھەرىكىتى يەنە ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ.



نى شياڭمىڭنىڭ سۈرىتى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (شېنياڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى تەمىنلىگەن)

نى شياڭمىڭ، 1925 ـ يىلى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ چىشيەن ناھىيەسى نىگوۋ يېزىسى نىيجەي كەنتىدىكى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئاتا ـ ئانىسى بالدۇر قازا قىلغاچقا، ئاچىسى بېقىپ چوڭ قىلغان. 1949 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان. 1951 ـ يىلى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىغا قاتنىشىپ، پىدائىي قىسىم 39 ـ جۈن 115 ـ شى 343 ـ تۇەن 3 ـ يىڭ 7 ـ ليەن 4 ـ بەنىنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى بولۇپ، چاۋشيەنگە بېرىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

1952 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، چاۋشيەندىكى خۇاڭخەي دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغىقى ليەنچۈەن ۋىلايىتى لاۋتۇشەن تېغىدىكى ئۇرۇشتا، نى شياڭمىڭ سەپداشلىرى بىلەن كۆپ قېتىم دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن، ئوقى تۈگىگەندە، گراناتلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تاشلىغان. بازىدىكى ئۆڭكۈر ئېغىزىنى مۇستەھكەم ساقلىغاندا، نى شياڭمىڭنىڭ قولىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر تال گرانات قېپقالغان. دۈشمەننى ئۆڭكۈر ئېغىزىغا يېقىنلاتماسلىق ئۈچۈن، ئۇ بىرلا سەكرەپ، گراناتنى كۆتۈرۈپلا دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلغاندا، بەش ئامېرىكا ئەسكىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان. نى شياڭمىڭ «ياشسۇن كوممۇنىستىك پارتىيە» «ياشسۇن ماۋ جۇشى» دەپ توۋلاپ، ئارقىدىنلا گراناتنىڭ پىلىكىنى تارتىپ، دۈشمەننى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى قۇربان بولغان، شۇ يىلى 27 ياشتا ئىدى.

1952 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، نى شياڭمىڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىلتىماسىغا ئاساسەن، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى، دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئۇنى ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە «1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن. ئىنقىلابىي قۇربان نى شياڭمىڭ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان 4 ـ بەنگىمۇ «1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان بەن» دەپ نام بېرىلگەن.

ئىنقىلابىي قۇربان نى شياڭمىڭنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 1954 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، چىشيەن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى چىشيەن ناھىيەسى چېڭخۇاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىچىگە بىر خاتىرە شىپائى سالغان، شىپائىنىڭ ئۆلى ئالتە بۇلۇڭ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا، جەنۇب، شىمال ئىككى تەرىپىنىڭ ھەربىرىگە ئۈچ تاش پەلەمپەي ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە ئالتە بۇلۇڭلۇق شىپاڭ ياسالغان، ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر. شىپاڭنىڭ مەركىزىگە بىر خاتىرە تاش تىكلەنگەن بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، ئۈچ قىرلىق، ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ ئۈچ تەرىپىنىڭ ھەربىرىگە بەش بۇرجەكلىك قىزىل يۇلتۇز ئورنىتىلغان، ئالدى تەرىپىگە «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئالاھىدە دەرىجىلىك تۆھپىكارى، 1 ـ دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى ئىنقىلابىي قۇربان نى شياڭمىڭ خاتىرە تېشى» دەپ ئويۇلغان، باشقا ئىككى تەرىپىگە ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ياسىغان ئورۇننىڭ نامى ئويۇلغان، 1986 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى، دەپ ئېلان قىلىنغان، 1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شۈيدۇڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كۆچۈرۈلگەن.

# سىڭلىسىنى باشلاپ ئارزۇغا ئىنتىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يازلىق تەتىلنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئاتىسى بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ كېلىپ، شياۋ شياۋيۈنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «سەن كۆرۈپ باق، ئەگەر خالىساڭ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرسەڭ بولىدۇ» دېدى.

قەغەزدە زىبارە ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغانىدى، بۇ يەتتە ياشلىق قىزچاقنىڭ دادىسى يېقىندىلا تۈگەپ كەتكەن بولۇپ، يەنە بىر ياشقا توشمىغان سىڭلىسى بار ئىدى. مەھەللىدە تازىلىق قىلىدىغان ئاپىسى ياشىنىپ قالغان قېيىنئانىسى بىلەن زىبارە ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن.

«مەن بۇ سىڭلىمغا ياردەم قىلاي دەيمەن» دېدى شياۋ شياۋيۈ دادىسىغا. ئۇ ئۆزىنىڭ ساقلاپ قويغان چاغانلىق پۇللىرىغا كىتاب، دەپتەر، قەلەم قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، دادىسى بىلەن بىرلىكتە زىبارەنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

زىبارە چىرايلىق، تارتىنچاق بولۇپ، كۆزلىرىدىن بىر خىل زېرەكلىك چىقىپ تۇراتتى. بۇ زىبارەنىڭ شياۋ شياۋيۈگە قالدۇرغان تۇنجى تەسراتى ئىدى. ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ مەجەزى كېلىشكەچكە، ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كەتتى.

يەتتە يىلدىن بۇيان، ۋاقتى چىقسىلا، شياۋ شياۋيۈ ئۆزى يىغقان پارچە پۇللىرىنى ئېلىپ، يەنە بەزى كىتاب، ئوقۇش قوراللىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، دادىسى بىلەن بىرلىكتە زىبارەنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ تۇردى. ھەر يىلى «1 ـ ئىيۇن» بالىلار بايرىمىدا، شياۋ شياۋيۈ ئالدىنئالا زىبارەگە بايراملىق سوۋغات تەييارلىدى. ۋاقىت ئۆزلىرىگە ئانسىرى، زىبارە يېقىملىق ھالدا شياۋ شىننى «ئاتاق دادا»، شياۋ شياۋيۈنى «ئاچا» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

«سەن زىبارەگە تۇرمۇشتىلا ياردەم بېرىپ قالماستىن، يەنە ئۇنى غايە تىكلەپ، غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىشىڭ كېرەك.» شياۋ شىن قىزىغا مۇنداق دېدى: «سەن ئۆزۈڭمۇ ياخشى ئۆگىنىپ، زىبارەگە ئۈلگە بولۇشۇڭ كېرەك».

ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسىگە ئۆتۈش، مەكتەپنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىق «چولپان»ى بولۇش، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىسى بولۇپ باھالىنىش... كۆپ يىلدىن بۇيان، شياۋ شياۋيۈ بىلىم ئېلىش يولىدىكى ھەربىر قەدىمىنى ياخشى بېسىشقا تىرىشتى. زىبارە ئاچىسىنى ئۈلگە قىلىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، نەتىجىسى سىنىپتا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

شياۋ شياۋيۈ يەنە دائىم زىبارەگە ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆگەتتى. زىبارەنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشتە قىينىلىپ قالغانلىقىنى بىلگەندە، ئۇ زىبارەگە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىدىغان بىر APPنى تەۋسىيە قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر كۈنى يېرىم سائەت ئىنگلىز تىلىنى ئوقۇتتى. دەرۋەقە بۇ ئۇسۇل ئۈنۈم بېرىپ، بىر مەۋسۇم توشمايلا، زىبارەنىڭ ئىنگلىز تىلى نەتىجىسىدە ئىلگىرىلەش بولدى.

زىبارە 5 ـ سىنىپقا چىققاندا، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ئانىسى زىبارەگە بىر يان تېلېفون ئېلىپ بەردى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا زىبارە يان تېلېفون ئويۇناشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئۆگىنىشتە خېلىلا چېكىنىپ كەتتى. شياۋ شياۋيۈ بۇنى بىلگەندىن كېيىن، يېنىدىكى ھەقىقىي، ئەمەلىي ئىشلارنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، زىبارەگە ئەمدى يەنە يان تېلېفون ئويۇناشقا بېرىلىپ كەتمەي، ياخشى ئۆگىنىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ئاچىسىنىڭ سۆزلىرى زىبارەنى ئويغاتتى، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، نەتىجىسى ناھايىتى تېز ئۆرلىدى.

شياۋ شياۋيۈ دائىم زىبارە بىلەن تېلېفوندا پاراڭلىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئىككىسى ئۆگىنىش، ئارزۇ، ئارزۇ ئۈچۈن قانداق تىرىشىش توغرىسىدا پاراڭلىشىدۇ.

ھازىر، شياۋ شياۋيۈ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، پات ئارىدا خىزمەت ئورنىغا چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر ئويى بار. «سىز چوقۇم ياخشى ئۆگىنىڭ، مەن پات ئارىدا خىزمەتكە چۈشەي دەۋاتىمەن، مائاشلىق بولىمەن، مەن سىزگە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە ياردەم قىلىماقچى.» بۇ قېتىم زىبارەنى يوقلاپ كەلگەندە، شياۋ شياۋيۈ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى ئېيتتى.

ئاچىسىنىڭ ئىللىق تەبەسسۇم قىلغان چىرايىغا قاراپ، زىبارە قاتتىق ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئارزۇيۇم ياخشى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، بىر شەرەپلىك ئوقۇتقۇچى بولۇش. ئاچامنىڭ ياردىمى بولسىلا، مەن چوقۇم ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرالايمەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن، مەنمۇ ئاچامغا ئوخشاش قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە ياردەم بېرىمەن».

# ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قاتتىق ۋەزىپە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پەقەت كوللېكتىپ ئۆگىنىشكىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ، جەزمەن خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش كېرەك. كوللېكتىپ ئۆگىنىش بىلەن شەخسنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشى نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ھارۋىنىڭ ئىككى چاقى، قۇشنىڭ ئىككى قانىتى بولۇپ، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. ناۋادا كەم بولۇپ قالسا، نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەتراپلىق ئىگىلەپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش بىر ئېغىز قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، باش تېما تەربىيەسىدە، بىز شەخسنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش رولىغا يۇقىرى ئەھمىيەت بېرىپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

نەزەرىيە ئۆگىنىش «بىردەملىك ئىش» بولماستىن، بەلكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىنتىلىشى بولۇشى كېرەك. مەيلى باش تېما تەربىيەسىدە بولسۇن ياكى كۈندىلىك خىزمەت، ئۆگىنىشتە بولسۇن، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى قاتتىق ۋەزىپە قىلىپ، ۋاقىت ۋە زېھنىنى چىقىرىپ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

("سۆز ھەممىگە" ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)